# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئېكولوگىيەنى ياخشى قوغداپ، ئېكولوگىيە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق تەرەققىي قىلىدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك سىياسىي ئىرادە ۋە توغرا ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ساقلاش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، «قاتتىق بولۇش» ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي بوشاشماي شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك. تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش چىدامچانلىقىنى ساقلاپ، ئىسلاھ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە يول باشلاش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ سىستېمىلىق توپلىشىشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى يېزىپ چىقىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋرنىڭ «كۈچ ئۇلاش كالتىكى»نى باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش قاتارلىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا جەڭگىۋار قوشۇنلۇق ۋە زەربىدار ئەترەتلىك رولىمىزنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشلىق كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز.

«بۇ بىر نەچچە يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ھەقىقەتەن بەك زور بولدى.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى دىلى جېيەنۋېن مۇنداق دېدى: «ئادەمنىڭ مەنىۋى كۈچى چەكسىز بولىدۇ، مەن تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمنى كۈندىلىك باج يىغىش خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىم، بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ۋەتەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاۋ ۋېيجۈن مۇنداق بىلدۈردى: «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى سېپىدىكى بىر ئەزا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، جان - دىل بىلەن پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۆسۈشىنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كۈچۈمنى قوشىمەن».

يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ تاغارچى يېزىسى تاغارچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتىمىن موللاق مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردا، كەنت قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، كەنتتە يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، تۇرمۇشىمىز يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىن كەلگەن، بىز چوقۇم پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، كۈنلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمىز».

تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىددىقۇت رايونى ئايدىڭكۆل بازىرى شىرەم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىشكىرام قېيۇم كەنت كادىرلىرى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ھەم باشقا كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىدى، كۆردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئالدىنقى يىللاردا، ئائىلەمدە ئەمگەك كۈچى ئاز بولغاچقا تۇرمۇشىمىز غورىگىل ئۆتەتتى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى مېنىڭ بېيىش يولى تېپىشىمغا پائال ياردەم بەردى. بۈگۈنكى كۈندە مەن 60 نەچچە تۇياق گۆش كالىسى بېقىپ، كەنتتىكى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندىم، ھازىر مەن شەھەردىن بىنا ئۆي سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مېنى بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، مەن مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن».

**(مۇخبىر جاڭ يۈنمېي، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۋا، مېھرىگۈل ناسىر، خې خۇڭۋېي، شې خۇيبىيەن، خەن چىنيەن، جەزىرە نېسىپبېك، ئەختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ جۈن، لىڭ جېي)**

# ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە بىر نىيەتتە جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىدى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى روشەن بولدى، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆز، قىش پەسلىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەت ئايلىنىشىنىڭ راۋان بولۇش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، سانائەتنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەتچىلىك ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەبلەغ سېلىش، ئىستېمال، ئىمپورت - ئېكسپورت قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىقتىسادچىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تىجارەت - سودا مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەريانىدىكى توسۇق نۇقتا، ئاغرىق نۇقتىلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پاك - دۇرۇس ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۈەننىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ جىيارۇي يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

# ئەرزىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىلدىن بۇيانقى ئەرزىيەت خىزمىتى ئەھۋالى خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيىتى قىلىپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى باشتىن - ئاخىر مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ئاممىا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ جەريانى قىلىپ، ئاممىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئاممىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ھەل قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، كۆڭلىدە سان بولۇش كېرەك، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جەزمەن مەسىلە يۆنىلىشى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك زىددىيەت، ماجىرالار ۋە خەۋپ - خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ جاي، شۇ سىستېما، شۇ ئورۇننىڭ ئەرزىيەت زىددىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى - تەكتى ئېنىق بولۇش، ئەھۋال ئېنىق بولۇش، تولۇق قاپلاش، چۈشۈپ قالماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھېسابات دەپتىرى شەكلىدە تىزىملاش، تىزىملىك شەكلىدە باشقۇرۇش، تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش شەكلىدە ھەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ تەدبىرلەر جايىدا بولۇش، ھەل قىلىش جايىدا بولۇش كېرەك، ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارزۇ - تەلىپى مۇۋاپىق بولغان مەسىلىلەرنى جايىدا ھەل قىلىش، ئارزۇ - تەلىپى يولسىز بولغانلىرىدا ئىددىيەۋى تەربىيەنى جايىدا قىلىش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش، قۇتقۇزۇش، قىلمىشى قانۇنغا خىلاپ بولغانلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن زىددىيەتلەرنى بىخ ھالىتىدە ۋە دەسلەپكى باسقۇچتا پەسەيتىش - تۈگىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: دىققەتنى، كۈچنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «ئەرزىيەت خەلق ئۈچۈن» دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ سىجىل كۈچەپ، ئەرزىيەت زىددىيەتلىرىنى پەسەيتىش - تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئەرزىيەت خېتىنى توردىكى ئەرزىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەرزىيەت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق ئارزۇ - تەلىپىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەرزىيەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم، زور ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇپ، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى تەڭ تۇتۇش، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش داۋامىدا ئەرزىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.